# تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى يېشىللىققا پۈركەندى ئېكولوگىيە توسۇقى پۇختىلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

بىز ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى كۆكيارغا چاچتۇق، ئانام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلدۇق» دېدى خۇاڭ چۈنفېڭ «دادامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشۇ بىر ئەۋلادتىن باشلاپ، ئاقسۇنىڭ چۆل - باياۋانى كۆكەرتىش ئىشلىرى ئەزەلدىن توختاپ قالماي، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە».

قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش شىنجاڭدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتىكى ئەڭ ئاددىي، ئەمما ئەڭ مۇھىم يادرولۇق ئىدىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاقسۇدىكى ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىنى كېيىنكىلەر داۋاملاشتۇرۇپ، چۆل - باياۋانى كۆكەرتىش قەدىمىنى ئەزەلدىن توختاتمىدى. بۈگۈنكى كۈندە كۆكيارنى باش نۇقتا قىلغان 17 مىليون 370 مىڭ مودىن ئارتۇق ئورمان ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پۈتۈن تەۋەلىكىنى قاپلاپ، زېمىنىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %8.8كە يەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېشىللىقنى كېڭەيتىش تارىخى شىنجاڭنىڭ نەچچە ئون يىللىق سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. ئىچكىرى رايونلاردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئورمان بىنا قىلىدىغان يەرلەرنىڭ تۇپراق شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغان شىنجاڭ دەل قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ئىزدىنىپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ئىلمىي يول ئىزدەپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغاچقا، ئاندىن بۈگۈنكى بوستانلىقلارنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى بارلىققا كەلگەن.

2019 - يىلىغىچە، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 71 مىليون 235 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىنىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.03تىن %4.87كە ئۆستى. ياڭ جيەنمىڭ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى سۈنئىي بوستانلىق كۆلىمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن بەش ھەسسىگە يېقىن كېڭەيدى».

## كۆپ تەرەپ تەڭ تۇتۇش قىلىش ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىش

كۆكيارنىڭ جۇڭگونىڭ ئورمان بىنا قىلىشتىكى چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيىتى ھەرگىزمۇ پەقەت كۆلەمدىلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئادەم بېيىيدىغان، دەرەخ كۆكلەيدىغان، ئورماندىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر تۈرلۈك قۇرۇلۇش بولۇپ، «ئېكولوگىيە ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، مەنزىرە ئورمىنى»دىن ئىبارەت ئۈچ ئورماننى ئورتاق بەرپا قىلىش ئىلمىي ئەندىزىسى ئارقىلىق، ئاقسۇ ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەم ئىلگىركى قۇم - بوران مەنبەسىنى يۇلتۇزلاردەك تارقالغان ئېكولوگىيە توسۇقىغا ئۆزگەرتتى، ھەم چۆل - جەزىرىنى بوستانلىق باغقا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى «يېشىل بانكا»غا ئايلاندۇردى.

تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئىزدىنىشلەر شىنجاڭنىڭ ئورمان بىنا قىلىش ئەمەلىيىتىگە قوشۇلدى. غۇلجا ناھىيەسى قاش بازىرىنىڭ شىمالىي تاغ ئېتىكىدىكى ئىلى تيانشان گۈل دېڭىزى دۆلەت يېزا ئىگىلىك باغچىسىنىڭ تېرىش - تىكىش بازىسىدا، يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەر مەيىن شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئىلگىركى يىللاردا تىكىلگەن كۆچەتلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، ياز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۈتۈۋالىدىغىنى مەيىن شامال، يامغۇر - شەبنەم بولۇپلا قالماي، يەنە تەبىئەتكە ئىنتىلىدىغان ساياھەتچىلەر بولىدۇ.

«بۇ يىل ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا ئېكولوگىيە يېشىل يولى، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ياخشى بولغان كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش مۇھىتى يارىتىپ، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۇن چېڭجياڭ «شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز «ئىگىسى يوق ئورمان»بەرپا قىلماستىن، كارخانا قاتارلىق جەمئىيەت كۈچلىرىنى جەلپ قىلىپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، قوش پايدا ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئورمان بىنا قىلىشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك پەرۋىش قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز».

لېكىن كىشىلەر ھەر قانداق ۋاقىتتا ئورمان بىنا قىلسا بولۇۋەرمەيدۇ. «پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، يەرگە ماس كېلىدىغان دەرەخ تىكىش، سۇغا قاراپ ئورمان كۆلىمى بەلگىلەش شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىشىدا جەزمەن ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ بولۇپ قالدى» دېدى ياڭ جيەنمىڭ «ئورمان بىنا قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان رايونلاردا سۈنئىي ئۇسۇلدا قوشۇمچە قاشالاپ يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ كۆپرەك قوللىنىپ، مۇھىتنىڭ تەبىئىي، ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك».

گەنجياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا، ئالدىنقى يىلى تېرىلغان يۇلغۇن، سۆكسۆك ئۇرۇقلىرى بىخلانغانىدى. «مەن ئەمدىلا كەلگەندە، بۇ ياۋا سۆكسۆكلەرنىڭ ئۆسۈشى ھەم ئىنچىكە، ھەم پاكار ئىدى، ھازىر باشقۇرۇش - قوغداش ياخشى بولغاچقا، سۆكسۆكلەر ھەم ئېگىز، ھەم توم ئۆسىدىغان بولدى، نۇرغۇن جايلارغا موتوسىكلىت بىلەنمۇ كىرگىلى بولمايدۇ» دېدى مۇھاپىزەت رايونى جىڭ باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى ئېرجىبېتەي باشقۇرۇش - قوغداش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ئابدۇكېرەم ئاسىپ.

## ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈش يېشىللىق بەرپا قىلىش ئىدىيەسىنى يېڭىلاش

2018 - يىلى، ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئورمان بىنا قىلىش باشقارمىسىنىڭ نامى داغدۇغىسىزلا ئېكولوگىيىنى قوغداش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. «بۇ، شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش ئاساسىي كەسپى ۋە يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى ياڭ جيەنمىڭ «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە، شىنجاڭ سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى پۇختا ئېكولوگىيە ۋە ئىقتىساد كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى، بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقايسى جايلار ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمىنىڭ ئېشىشىنى قوغلاشمايدىغان بولدى، ئورمان بىنا قىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە چېكىنگەن ئورمان كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى».

سۇ كەمچىل بولغان شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىقى سۇغىرىشقا تايىنىدىغان ئورمانچىلىققا تەۋە. «شىنجاڭدا سىز بىر تۈپ دەرەخ تىكسىڭىز، بۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى ياڭ جيەنمىڭ «نەچچە ئون يىلدا، بوستانلىقلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئېكولوگىيە ئورمانلىرىدىن تارتىپ بوستانلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىغىچە، نۇرغۇن دەل - دەرەخ قېرىپ كەتتى، شۇڭا بىز ھازىر بوستانلىقلارنىڭ ئەتراپىغا ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى قوغلاشماي، بەلكى بوستانلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئورمان سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتىمىز».

دەل مۇشۇ ئاساستا، شىنجاڭ ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكا قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تەكشى تارقالغان، تۆۋەن زىچلىقتىكى ئورمان بىنا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، مو بېشى تۈپ سانىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. تېرەكنىڭ مو بېشى تۈپ سانى 200 تۈپتىن 44 تۈپكە تۆۋەنلىتىلدى، باشقا دەرەخ تۈرلىرىدىمۇ شۇنداق بولدى، سۇ ئىشلىتىش، ئادەم ئىشلىتىشنى زور مىقداردا ئازايتىش بىلەن بىللە، ئورمان بەلبېغىنى پەرۋىش قىلىش - قوغداش تەننەرخىمۇ بارا - بارا تۆۋەنلىدى. لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ دۆڭقوتان يېزىسىدىكى داڭلىق مەنزىرە رايونى لوپنۇرلۇقلار كەنتىگە بېرىشتا چوقۇم ئۆتىدىغان يولغا جايلاشقان بولۇپ، تۆۋەن زىچلىقتىكى ئورمان بەلبېغىدىكى دەرەخلەر تەمەن ئۆسمەكتە.

سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان ئاشۇ رايونلاردا، «تەبىئىيلىككە بېقىپ ئورمان بىنا قىلىش» ئۈلگۈسى كەڭ قوللىنىلماقتا. 2019 - يىلى، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن رايونىدىكى 2 مىليون مو توغراقلىق سۇغىرىلدى، بۇ يىل يەنە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. تارىم دەرياسى بويىدىكى سېجىل كەلكۈن باشلاپ سۇغىرىش يەر شارىدىكى بۇ ئەڭ چوڭ توغراقلىقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتماقتا. «بىز سۈنئىي ئۇسۇلدا ياردەم بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەبىئىي يېڭىلىنىشنى ئىلگىرى سۈردۇق» دېدى ياڭ جيەنمىڭ «بۇ، ئېپتىدائىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداشتا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىدى».

يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتى، شىنجاڭ «سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش» ئىدىيەسىنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈرۈپ، ئىزدىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇردى. «تۈزۈم ئارقىلىق يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى، ئىلگىرى چۆللۈك رايونلاردىكى ئېپتىدائىي تارقالغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي يېڭىلىنىشى ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسى ئىچىدە ھېسابلانمايتتى، چوقۇم سۈنئىي بىنا قىلىنغان ئورمانلارلا تەكشۈرۈپ باھالاشقا كىرگۈزۈلەتتى» دېدى ياڭ جيەنمىڭ «لېكىن ھازىر ھەممىسى ھېساب قىلىنىدىغان بولدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇنداقلا ۋەزىپىنى تاماملاش ئۈچۈن مەجبۇرىي تىكىپ، ئېپتىدائىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى».

بۈگۈنكى كۈندە، باھارنىڭ يېنىك پەپىلىشىدە، يېڭى كۆچەتلەر ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، كونا ئورمانلار يېڭىلانماقتا، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىخلانماقتا. تېخىمۇ مۇھىمى، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش قارىشى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېكولوگىيە باغچىسىدا، 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تىكىلگەن كۆچەتلەر ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا تىكىلگەن كۆچەتلەر بىلەن بىللە، مايتاغ - كۆچا تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى يېشىللىققا پۈركىدى. «يېشىللىقنى سۆيۈش، يېشىللىقنى قوغداش، يېشىللىق بەرپا قىلىش مايتاغلىقلارنىڭ ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندى. بىز بۇ قېتىم تىككەن قارىياغاچ يوپۇرماقلىق ئالۇچا چېچەكلىگەندىن كېيىن، توردا ئالقىشلانغان بۇ يولنىڭ يېڭى مەنزىرىگە ئايلىنىدۇ» دېدى مايتاغ رايونلۇق شەھەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى فۇ مياۋمياۋ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسى قۇرۇش ساياھەتچىلىكنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تېز تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، ئالاقە تورى ئۇچۇر دەۋرىدە ئاقىل ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى پايدىلىق ئىزدىنىش. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاقىل ساياھەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى چۆرىدەپ، سۇپا قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان، رەقەملەشكەن ئۇچۇر سۇپىسى تىرەككى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، «بىر مەركەز، ئىككى سۇپا» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ سۇپىسى ۋە ئومۇمىي كىرىش ئېغىزى قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم سىستېمىسىنى تۈزۈپ، ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى جەملەپ، ساياھەت سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، مۇكەممەل، توغرا، ۋاقتىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى كۆزنەك ئوبرازىنى تىكلەش كېرەك. سۇپىنىڭ توپلاش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئەلا سۈپەتلىك بايلىقلىرىنى توپلاپ، سانلىق مەلۇمات بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. سۇپىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ مەسلىھەت سوراش، ئەرز - شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، مېھمانساراي زاكاز قىلىش، توردا راسچوت قىلىش قاتارلىق ئىقتىدارلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار پائال ماسلىشىپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ رەقەملىك دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. تەشۋىقات تارماقلىرى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسىنى شىنجاڭدا ھەممە ئادەم بىلىدىغان قىلىشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت سۇپىسى بىلەن بولغان سانلىق مەلۇماتنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى سېجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دائىملاشقان، قېلىپلاشقان سانلىق مەلۇماتنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىشى؛ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ساياھەت - كۈتۈۋېلىش قىسقا ئۇچۇرى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سۇپىنىڭ تونۇلۇش نىسبىتى، ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سۈپەت يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋۇۋسكا ئېبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى ئېغىر نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا بايقالغان مەسىلىلەر، نەتىجە - ئۈنۈمنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش»تە ئېنىقلىنىپ بايقالغان مەسىلىلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، بەخت چوڭ قورۇسى قۇرۇلۇشى، يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيەلەش قاتارلىق بوغما ھالەت چەكلىمىلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىنى ھەقىقىي پۇختىلاش كېرەك. ئۆلچەش، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىققا ئىگە ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قوللىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭىدىن نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى پۇختا، ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ئۆزى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋە ئىشخانىلىرى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش بولۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇش، ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار مەۋقەنى تارماقلارنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە كەسپ ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، خىزمەت ئۆلچىمى ۋە قوللاش سىياسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلار نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى سېجىل قانات يايدۇرۇپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاڭ بو، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %6.4 ئاشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەر (جەمئىي 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان تۈرلەر)گە ئەمەلىي ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %14.2 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 15 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

تۈر قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىز «ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تۇتۇش، ئىش باشلاشنى تۇتۇش، ئالدىنقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى تۇتۇش، قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، مەبلەغ غەملەشنى تۇتۇش، كاپالەتلەندۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئالتە جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ خامچوت ئىچىدىكى سېلىنمىسى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس زايومى قاتارلىق مالىيە خاراكتېرلىك مەبلەغنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىتىش بىلەن بىللە، 300 مىليارد يۈەنلىك مەخسۇس قەرز پۇل مەبلەغ كۆلچىكىنى بەرپا قىلىپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى قوللاپ، دۆلەت ئىچىدىكى A دەرىجىلىك تۈر قۇرۇلۇشىغا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتىدىن توققۇزنى كىرگۈزۈپ، ئەقلىي كۈچ ئاپپاراتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىيلىكى، تېخنىكا تەركىبى ۋە مۇكەممەللىكىنى ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1 - پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇل ئەسلىھە كەسپى سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %8.5 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولۇپ، 2018 - يىلدىن بۇيانقى مەنپىي ئېشىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈچ كەسپ سېلىنمىسىنىڭ ھەممىسىدە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. 1 - پەسىلدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - كەسپ سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %18.5 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.9 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ 2 - كەسپ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %8.9 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.1 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ 3 - كەسپ سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %0.6 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.3 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان.

«تۈرنى تۇتقانلىق ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرغانلىق، پۇرسەتنى تۇتقانلىق، كەلگۈسىنى پىلانلىغانلىق.» ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر لى رېن مۇنداق دېدى: نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى سېلىنمىسىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «مۇھىم تۇتقا» بولۇش سۈپىتىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشىغا قارىتا يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قارىتا ئىنتايىن مۇھىم تۈرتكىلىك رولغا ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىدىكى سېجىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پائال تاقابىل تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادى، جەمئىيىتىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئورۇن تاللاش، قۇرۇلۇش قىلىش تەجرىبىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 30 كىلومېتىر دائىرىدە تاللانغان ئۈچ ئورۇننى سېلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلىپ، قايتا - قايتا دەلىللەپ، ئەڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىن تۈز لىنىيە بويىچە 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاقتامنى ئايرودۇرۇم ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى مول ساياھەت بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، «ئېگىزلىكتىكى مەرۋايىت» دېگەن نامى بار، لېكىن ساياھەتچىلەر ئادەتتە قەشقەر شەھىرىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بەش سائەتتە ئاندىن يېتىپ بارالايدۇ. ئايرودۇرۇم پۈتكەندىن كېيىن، تاشقورغاندىن قەشقەر، يەكەن، ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئاقسۇ قاتارلىق شىنجاڭ ئىچىدىكى شەھەرلەرگە بارىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى پىلانلىنىدۇ، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلاندا يەنە تاشقورغاندىن شىئەن، بېيجىڭ، شېنجېن قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرى كۆپەيتىلىدۇ، شۇ چاغدا، ئايروپىلان بىلەن پامىر ئېگىزلىكىگە بېرىپ ساياھەت قىلىش بىر خىل يېڭى مودىغا ئايلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)